# شىنجاڭ گېزىتى

ᠰᠢᠨᠵᠢᠶᠠᠩ ᠰᠣᠨᠢᠨ  شىنىجاڭ گازىتى  新疆日报

2021 - يىل 3 - ئاي

7

يەكشەنبە

维吾尔文 3 月7日

25353 - سان

بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## «خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك»

—— باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىنىڭ بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىدا مائارىپ ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە جاۋاب قايتۇردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، زوۋ ۋېي

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سائەت ئىسترېلكىسى 3تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىن مەيدانىغا كىرىپ، قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، كۆرستىپ تۇراتتى. بېيجىڭ دوستلۇق مېھمانخا-نىسىنىڭ دوستلۇق سارىيىدىكى جۇيلىك زالى ئىللىقلىققا تولغانىدى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزا-لارنى سەممىي يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەكشۈك بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش كېرەك

### ۋاڭ ياڭ يوقلاشقا ۋە مۇزاكىرىگە قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنغا قاتنىشىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي داۋالاش - سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئېغىر، چوڭ كېسەللىك ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەت ئاممىۋى سەھىيە مۇداپىئە تورىنى پۇختا توقۇپ، ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقنى ھەر تەرەپلىمە، تولۇق دەۋرىيلىك ساغلاملىق مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مائارىپنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك، تەكشۈك بولغان ئاساسىي ئاممىۋى مائارىپ مۇلازىمەت سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مائارىپ سىستېمىسىنى قۇرۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك.



3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا - سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنغا قاتنىشىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يوقلاشقا ۋە مۇزاكىرىگە قاتناشتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

«8 - مارت» خەلقئارا ئەمگەكچى ئاياللار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئايال ۋەكىللەر، ئايال ئەزالار، ئايال خىزمەتچى خادىملار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئاياللار، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ۋە تەيۋەن رايونىدىكى ئايال قېرىنداشلار، چەت ئەلدىكى ئايال چياۋمىن قېرىنداشلارنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يوقلاشقا ۋە مۇزاكىرىگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئوقۇش يېتەكچىسى

## ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىپىيگى سەھىپە يېزىمىز

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە كادىرلار، ئامما ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

3 - بەتتە

### شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى

## يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى بىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشىمىز ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى تۇتۇشىمىزغا ئېنىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمىنلىك بەرپا قىلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى تۇتۇپ، دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «14 - بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا قاراپ چىقتى

# «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈردى

### چېن چۈەنگو، ئەركىن ئىمىرباقى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئومۇمىي يىغىن، گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈردى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتقا داۋاملىق قاراپ چىقتى.

شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، نەيىم ياسىن قاتارلىقلار قاراپ چىقىشقا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جىڭۋېيسى ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى. دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىدىكى ئالاقىدار يولداشلار سىن شەكلى ئارقىلىق پىكىرلەرنى ئاڭلىدى.

ۋەكىل سۈن جىنلۇڭ مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات ۋە پىروگرامما لايىھەسىنى تامامەن قۇۋۋەتلەيمەن. دوكلاتتا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **يۈەن لېي، جاڭ يۈنپې، چېن چياڭۋېينىڭ** بېيجىڭغا ئەۋەتكەن خەۋىرى: 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەر ساھە گۇرۇپپىلىرى بويىچە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى لايىھەسى قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئېيتقانلىرى

## بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا قايتا نەزەر سېلىش يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

□ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى لى ياڭ، جېڭ جو**

«ئۆتكەن بەش يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا يېڭى تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.» ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىكى بۇ بىر جۈملە خۇلاسىنىڭ ئارقىسىغا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ ھەرقانداق قىيىنچىلىققا باش ئەگمەي، جاسارەت بىلەن ئىلىشقانلىقىدەك جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھى مۇجەسسەملەنگەن.

بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا قايتا نەزەر سېلىش پەقەت تېخىمۇ ياخشى يولغا چىقىش ئۈچۈندۇر. ئىككى يىغىندا ۋەكىللەر، ئەزالار بۇ قالتىس بەش يىل ئۈچۈن ئالقىش ياڭراتتى، كەلگۈسى بەش يىلغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

### «نەتىجە قەغىزى» كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە جەلپ قىلدۇ

«ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، ئىقتىسادىي قۇرۇلما سىجىل ئەلالاشتى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 70 تىرىليون يۈەنگە يەتمەسلىكتىن كۆپىيىپ 100 تىرىليون يۈەندىن ئاشتى. يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى مول بولدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)